# جەننەتكە كىرىدىغان شەھىدتىن باشقا بىرەر كىشى زېمىندىكى بارلىق نەرسە ئۇنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، شەھىد ئۆزى كۆرىۋاتقان ھۆرمەت ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ، يەنە ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە كىرىدىغان شېھىتتىن باشقا بىرەر كىشى زېمىندىكى بارلىق نەرسە ئۇنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، شەھىد ئۆزى كۆرىۋاتقان ھۆرمەت ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ، يەنە ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: شېھىت بولغۇچى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەندىن كېيىن قايتىدىن شېھىت قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، دېيىلگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل زېمىن ئىچىدىكى ئېسىل نەرسىلەر، خەزىنىلەر، ئالى قەسىر-ئوردىلار، گۈزەل باغلار ئىنئام قىلىنسىمۇ، جەننەتتىن ئايرىلىپ، دۇنياغا يەنە بىر قېتىم قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھېچ كىشى چىقمايدۇ، شەھىد بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ شەھىدلەر ئېرىشىدىغان ھۆرمەتنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر قېتىم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، شەھىدلىك ئىزدەپ، بىر قېتىمنىڭ ئورنىغا ئون قىتىم شەھىدلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇنياغا ئون قېتىملاپ قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3864